# ئاللاھ شىپالىق بەرگۈچى



غۇنچىلار

مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

رەيھان تولىمۇ ئوماق بىر قىز ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئانىسى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ دوختۇرغا كۆرسىتىپتۇ، دوختۇر ئۇنىڭغا دورا يېزىپ بېرىپتۇ.



ئانىسى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا دورا بېرىپتۇ.
ئارقىدىنلا قولىنى رەيھانىنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ:
- سىزگە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن دۇئا ئوقۇيمەن.
ئاللاھ كېسىلىڭىزگە شىپالىق بەرسۇن، ھەرقانداق
يامان كۆزلەردىن ساقلىسۇن - دەپتۇ.



ئانىسى يەنە: - ئاللاھنىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى بىلەن بارلىق شەيتانلاردىن، زىيانداش ھاشارەتلەردىن ۋە يامان كۆزلەردىن پاناھ تىلەيمەن - دەپتۇ.




ئانا، نېمە دەۋاتىسىز؟
پەيغەمبىرىمىز بىزگە ئاللاھنىڭ
كىسەللىرىمىزگە شىپالىق بېرىشى ۋە
بىزنى ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ يامانلىقىدىن
ساقلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن.


مۇسۇلمان كىشى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ
ۋە ھەرقانداق يامانلىقتىن ئاللاھنىڭ
ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەن پاناھ تىلەيدۇ.


مۇسۇلمان ھەر بىر ئىشقا
سەۋەپ قىلىدۇ.
شۇڭلاشقا سىز دورا ئىستىمال
قىلدىڭىز قىزىم،
لېكىن ئۇنىڭ قەلبى پەقەت
ئاللاھقىلا تايىنىدۇ.


مۇسۇلمان كىشى ئاللاھقىلا دۇئا قىلىدۇ، ئاللاھتىنلا ياردەم سورايدۇ، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىرىگە ئىلتىجا قىلمايدۇ.


ئاللاھ نېمىدېگەن
ياخشى مەدەتكار،
نېمىدېگەن ياخشى
ياردەمچى-ھە!

بۇ ھېكايىدىن ئېرىشكەنلىرىمىز:

*ئاللاھ بەندىلىرىگە كىسەل بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ شىپاسىنى بېرىدۇ.

*ئاللاھ دۇئالىرىمىزنى ئاڭلايدۇ ۋە ئىجابەت قىلىدۇ.

*ئاغرىپ قالساق شىپالىق تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلىش بىلەن

بىرگە داۋالىنىشىمىز كېرەك.

